# 92748 ـ ئۈلۈغ رامىزان ئېيى ئۈچۈن قانداق تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم

## سوئال

سوئال: رامىزان ئېيى ئۈچۈن قانداق تەييارلىق قىلىمىز؟ بۇ ئېسىل ئايدا قىلىنىدىغان ئەڭ ياخشى ئەمەللەر قايسىلار؟. بۇ توغرىدا چۈشەنچە بېرىلگەن بولسا.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھ ئۈچۈندۇر.

بىرىنچى: مۇھتەرەم قېرىندىشىم! سىز رامىزان ئېيىغا قانداق تەييارلىق قىلىش توغرىسىدىكى بۇ سوئالنى سوراپ ياخشى قىلدىڭىز، رامىزان روزىسىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشتىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى شەرئى ئىبادەت ئەمەستەك، بەلكى ئۆرپ-ئادەتكە تۇتقان پوزىتسىيەدە بولىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن رامىزان ئېيى كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى، بەزەن يېمەكلىكنىڭ تېپىلماسلىقى ياكى باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يېمەكلىك سېتىۋالدى، ھەقىقەتتە ئۇلار رامىزان ئېيىدا تۇتىدىغان روزىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمىدى، ئۇلارنىڭ قەلبى ئىبادەت بىلەن تەقۋالىقتىن خالى قالدى، رامىزان ئېيىنى قورساقلىرىنى تويغۇزىدىغان ۋە كۆزلىرىنى ئارام ئالدۇرىدىغان ئاي قىلىۋالدى.

قىسقىسى رامىزاننى قانداق باياشات، قورسىقى ئېچىپ قالمىغان ھالدا ئۆتكۈزۈشنى خېلى بۇرۇنلام پىلانلىدىيۇ، ئەمما رامىزان ئايدىكى ئىبادەتلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە ۋاقىت چىقىرىپ، رامىزان ئېيىنىڭ روھانى تەربىيە خاراكتېرلىق قىممىتىدىن قانداق پايدىلىنىش ۋە ئۆتكۈزۈش، ئائىلىدە قانداق تەربىيە خىزمىتى ئىلىپ بېرىش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرگە سەل قارىلىپ كېلىنىدى ۋە كېلىنىۋاتىدۇ.

ئىككىنچى: يەنە بىرقىسىم كىشىلەر رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشۈنۈپ شەئبان ئېيىدىن باشلاپ دىققەت بىلەن تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى، بەلكى بەزىلەر بۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. رامىزان ئېيى ئۈچۈن قانداق تەييارلىق قىلساق ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك تەۋسىيەلەرنى قىلىمىز:

1ـ سەمىمىيەت بىلەن تەۋبە قىلىش.

ھەرۋاقىت تەۋبە قىلىش پەرز، لېكىن بەركەتلىك كاتتا ئايغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدىكى ۋە ئۆزى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۇلارنىڭ ھەققىگە ئالاقىدار بولغان گۇناھلارغا تەۋبە قىلىشقا ئالدىراش ئەڭ لايىق بولغان ئىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر، چۈنكى ئۆكىشىنىڭ قەلبى تىنىچ، دىلى سالامەت تائەت ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋاقىتتا بەركەتلىك رامىزان ئېيى يېتىپ كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار.(نۇر سۈرىسى 31 ـ

ئايەت).

ئەغەرئىبنى يەسار مۇزەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئى خالايىقلار! ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار ۋە ئاللاھدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن كۈندە يۈز قېتىم تەۋبە قىلىمەن.

2 ـ دۇئا قىلىش.

بەزەن سەلەپلەرنىڭ رامىزان ئېيى كېلىشتىن ئالتە ئاي بۇرۇن ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ئۆزلىرىنى رامىزانغا يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغانلىقى، رامىزاندىن كېيىن يەنە بەش ئاي ئاللاھ دىن ئۆزلىرىنىڭ رامىزاندا قىلغان ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

مۇسۇلمان پەرۋەردىگارىدىن رامىزانغا دىنىدا مۇستەھكەم، تەن ـ سالامەتلىكلىكى ياخشى ھالەتتە يەتكۈزۈشنى، رامىزاندا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا ياردەم بېرىشنى ۋە ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلىشى كېرەك.

3 ـ مۇشۇ كاتتا ئاينىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن خۇرسەن بولۇش.

ھەقىقەتەن رامىزان ئېيىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئاللاھنىڭ مۇسۇلمان بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىنىڭ بىرى، چۈنكى رامىزان ئېيى جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدىغان، دوزاخنىڭ ئىشىكى تاقىلىدىغان ياخشىلىق كۆپ بولىدىغان پەسىلنىڭ بىرى، بۇ ئاي قۇرئان چۈشكەن ۋە كۆپ تىلاۋەت قىلىنىدىغان ۋە بىزنىڭ دىنىمىزدا تۈنجى قېتىم ھەقىقەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىنغان ئايدىن ئىبارەت.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:« ئېيتقىنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ يىغقان(دۇنيا ـ ماللىرىدىن)ياخشىدۇر . يۇنس سۈرىسى 58-ئايەت.

4 ـ پەرز قىلىنغان روزىنى تۈتۈش بىلەن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش.

ئەبى سەلەمە مۇنداق دېدى: مەن ئائىشە ئانىمىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: مەن ئۆزۈمنىڭ رامىزاندىن تۇتالماي قالغان روزىلىرىمنى پەقەت شەئبان ئېيىدا تۇتاتتىم.(بۇخارى1849، مۇسلىم1146).

ھاپىز ئىبنى ھەجەر (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېدى: بۇنىڭ ئائىشە ئانىمىزنىڭ شەئبان ئېيىدا روزا تۇتۇشقا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ، شۇنداقلا رامىزاندا تۇتالماي قالغان روزىلارنى يەنە بىر رامىزانغىچە كېچىكتۈرۈشنىڭ توغرا ئەمەس ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. (پەتھۇل بارىي4191).

5 ـ رامىزاننىڭ پەزىلىتىنى بىلىش ۋە روزىغا ئالاقىدار ئەھكاملارنى چۈشىنىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم.( دىنىمىزدا ھەرقانداق ئىبادەتنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ ئەمەل قىلىشىمىز تەۋسىيە قىلىنىدۇ.ــ م ـ)

6 ـ رامىزاندا مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىبادەتلىرىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللارنى تېزلىكتە ھەل قىلىش كېرەك.

7 ـ ئائىلىسىدىكى كىشىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئايالى ۋە بالىلىرىغا رامىزاننىڭ ئەھكاملىرىدىن خەۋەر بېرىش ۋە كىچىك پەرزەنتلەرنى روزا تۇتۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

8 ـ ئۆيدە ئوقۇش مۇمكىن بولىدىغان بەزەن كىتابلارنى تەييار قىلىش ياكى بۇ كىتابلارنى جامائەتكە ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن مەسچىتنىڭ ئىمامىغا سوۋغا قىلىش.

9 ـ رامىزان روزىسىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن شەئبان ئېيىدىمۇ روزا تۇتۇش. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرقانچە كۈن روزا تۇتاتتى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپتار قىلمايدىكەن دەيتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرقانچە كۈن ئىپتار قىلاتتى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتمايتۇ دەپ قالاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا بىر ئاي تولۇق روزا تۇتمايتتى، شەئبان ئېيىدا كۆپ روزا تۇتاتتى(بۇخارى1868 ، مۇسلىم1156).

ئۇسامە ئىبنى زەيىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن يا رەسۇلۇللاھ! سىلىنىڭ باشقا ئايلاردا شەئبان ئېيىدا روزا تۇتقاندەك كۆپ روزا تۇتقانلىرىنى كۆرمىدىمغۇ؟ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: رەجەب بىلەن رامىزاننىڭ ئارىلىقىدىكى بۇ ئايدىن ئۇرغۇن كىشىلەر غاپىل قالىدۇ، بۇ ئايدا بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلىدۇ، مەن ئەمەلىمنىڭ روزا تۇتقان ھالىتىمدە كۆتۈرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىمەن (نەسائىي2357، ئەلبانىي ھەسەن دېگەن).

ھەدىستە شەئبان ئېيىدا روزا تۇتۇشنىڭ ھېكمىتى بايان قىلىنىپ بۇ ئەمەللەر كۆتۈرۈلىدىغان ئاي دېيىلگەن، ھەقىقەتەن بەزەن ئالىملار يەنە بىر ھېكمەتنى بايان قىلغان بولۇپ بۇ روزا پەرز نامازدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازغا ئوخشاش، چۈنكى ئۇ پەرز ئىبادەتنى جۇشقۇنلۇق بىلەن ئادا قىلىشقا نەپسىنى تەييارلايدۇ، رامىزاندىن ئىلگىرى شەئباندا تۇتقان روزىدىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

10 ـ قۇرئان ئوقۇش.

سەلەمە ئىبنى كۇھەيل مۇنداق دېگەن: شەئبان ئېيى قارىيلار ئېيى دېيىلەتتى. ئەمرى ئىبنى قەيس شەئبان ئېيى كىرگەن ۋاقىتىدا دۇكانلىرىنى تاقاپ قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلاتتى.

ئەبۇبەكرى ئەل بەلخى مۇنداق دېگەن: رەجەب ئېيى زىرائەت تىرىش ئېيى، شەئبان ئېيى زىرائەتنى سۇغۇرۇش ئېيى، رامىزان ئېيى زىرائەتتىن ھوسۇل ئېلىش ئېيى.

يەنە مۇنداق دېدى: رەجەب ئېيى شامالغا ئوخشاش، شەئبان ئېيى بۇلۇتقا ئوخشاش، رامىزان ئېيى يامغۇرغا ئوخشاش، كىمكى رەجەبتە زىرائەت تېرىپ، كۆچەت تىكمىسە، شەئباندا سۇغارمىسا، رامىزاندا قايسى زىرائەتنى ئورايدۇ؟ ھازىر رەجەب ئېيى تۈگىدى، سىز رامىزاندا ھوسۇل ئېلىشنى ئىستىسىڭىز، ھازىر شەئباندا ھەركەت قىلىڭ، يۇقىرىقىدىكىلەر سىز بىلەن سەلەپلەرنىڭ بۇ بەرىكەتلىك ئايدىكى ئەھۋالى، مۇشۇ ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئالى دەرىجىلەرگە ئېرىششىڭىز ئۈچۈن سىزنىڭ تەييارلىقىڭىز قانداق؟!.